# ئى ئاللاھ! سەن سالامەتلىك ئاتا قىلغۇچى!، سالامەتلىك سېنىڭدىن بولىدۇ، سەن بەرىكەتلىك، سەن كاتتا ئۇلۇغ زاتسەن

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام پەرز نامازنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۈچ قېتىم ئىستىغپار ئېيتاتتى، ۋە: « ئى ئاللاھ! سەن سالامەتلىك ئاتا قىلغۇچى!، سالامەتلىك سېنىڭدىن بولىدۇ، سەن بەرىكەتلىك، سەن كاتتا ئۇلۇغ زاتسەن» دەيتتى. ۋەلىيد مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەۋزائىيدىن: ئىستىغپارنى قانداق ئېيتىدۇ؟ دەپ سورىسام، ئەۋزائىي: ئەستەغپىرۇللاھ!، ئەستەغپىرۇللاھ!، ئەستەغپىرۇللاھ!، دەيسەن دېدى.

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ناماز ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئەستەغپىرۇللاھ!، ئەستەغپىرۇللاھ!، ئەستەغپىرۇللاھ! دەپ ئۈچ قېتىم دەيتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن رەببىنى ئۇلۇغلاپ مۇنداق دەيتتى:« ئى ئاللاھ! سەن سالامەتلىك ئاتا قىلغۇچى!، سالامەتلىك سېنىڭدىن بولىدۇ، سەن بەرىكەتلىك، سەن كاتتا ئۇلۇغ زاتسەن»، تولۇق سالامەتلىك ئاتا قىلغۇچى دېگەن ئاللاھ تائالانىڭ سۈپىتىدۇر، ئاللاھ تائالا بارلىق ئەيىب-نۇقسانلاردىن پاكتۇر، دۇنيا-ئاخىرەتنىڭ يامانلىقىدىن سالامەت قىلىش ئاللاھ تائالادىن تەلەپ قىلىنىدۇ، ئىككى دۇنيادا ئاللاھنىڭ ياخشىلىقى كۆپ بولىدۇ، ئاللاھ كاتتا ياخشىلىق ئىگىسىدۇر.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/10947